# 26989 - ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزى پەرزمۇ ياكى سۈننەتمۇ؟ بۇ نامازنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ گۇناھى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ ھەر بىرى پەرز كۇپايە بولۇپ، كۆپچىلىك كىشىلەر ئادا قىلسا قالغانلاردىن ساقىت بولىدۇ، بەزى ئۆلىمالار: ھېيت نامىزى جۈمە نامىزىغا ئوخشاش پەرز ئەين (ھەر كىشى ئۆزى ئادا قىلىدىغان) بولۇپ، مۆمىنىنىڭ ھېيت نامىزىنى تەرك قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.